# قاراماي شەھرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 43.43%كە يەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن قاراماينىڭ ھەممىلا يېرى بىپايان چۆل - جەزىرە ئىدى. بىراق ئازراق بولسىمۇ يېشىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، نېفىت ئىشچىلىرى بىر تەرەپتىن نېفىت ئېلىپ، بىر تەرەپتىن كۆچەت تىكتى، تىككىنى ئەي بولمىسا قايتا تىكىپ، 40 يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ياشاشقا بولىدىغان تۇرمۇش مۇھىتىنى ياراتتى. 1979 - يىلى، قاراماي شەھرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى پەقەت 1% ئىدى. 1999 - يىلى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 21.6%كە يەتتى.

2000 - يىلى، قاراماي دەرياسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاندى. ئارقىدىنلا، قاراماي شەھرى «چوڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» «چۆللىشىشنى تۈزەش» قاتارلىق ئېكولوگىيە تۈرلىرىنى باشلىدى، شەھەر ئىچى - سىرتىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا بىردىن ئىككىچە پىرسەنت پوئىنتلىق سۈرئەت بىلەن ئېشىپ، تۈرلۈك كۆكەرتىش كۆرسەتكۈچلىرى پۈتۈن شىنجاڭدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. ھازىرغا قەدەر، قاراماي شەھرىدە «بىر دەريا، بىر پارچە سۇلۇق يەر، تۆت پارچە ئورمانلىق، ئالتە كۆل»دىن ئىبارەت ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 2018 - يىلى، قاراماي شەھرىنىڭ پۈتۈن يىللىق مۇھىت ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى 92.4% بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى.

«ئۇزاقتىن بۇيان، قارامايلىقلار يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، گۈزەل نېفىت شەھىرى قۇرۇشقا بوشاشماي تىرىشتى» دېدى قاراماي شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چېن جىفۇ.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى. 2018 - يىلى، پۈتۈن شەھەر كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 7 مىليون 432 مىڭ 800 ئادەم قېتىم، ساياھەت كىرىمى 6 مىليارد 341 مىليون يۈەن بولدى. 2014 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ساياھەتچىلەر سانى ۋە ساياھەت كىرىمى بىردەك ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاراماي شەھرى نوقۇل ھالدا ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت يارىتىشتىن ئېكولوگىيەنى كەسىپلەشتۈرۈشكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، پۇل مۇئامىلە، ئۇچۇر، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى قاتارلىق يېڭى گۈللەنگەن يېشىل كەسىپلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېشىل پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبە رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەنئەنىۋى ساناائەتنى يېشىللاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش، يېڭى گۈللەنگەن يېشىل ئىقتىسادنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەددىتى ۋە كەسىپلەر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

چېن جىفۇ مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە يېڭى گۈللەنگەن يېشىل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قاراماي‌چە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، بايلىق تىپىدىكى شەھەرنىڭ تىپىنى ئىلمىي ئۆزگەرتىمىز، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئىسمايىل مەمەت: ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە جەڭ قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ بىڭ)** شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەسىدە، ئارمىيەدىن چېكىنگەن پېشقەدەم ھەربىي ئەمەر ھېيت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەنۋەردىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلادنىڭ كۈچ ئۇلاپ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى قوغدىغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى كەڭ تارقىلىپ مەدھىيەلىنىپ كەلمەكتە. بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان 222 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان ئىچىدە، ئەمەر ھېيتنىڭ سەپدىشى، 1963 - يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «ئۇرۇش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن ئىسمايىل مەمەت بار.



ئىسمايىل مەمەتنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ئىسمايىل مەمەت، ئۇيغۇر مىللىتىدىن، 1940 - يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ يېڭىسار ناھىيەسىدىن بولۇپ، 1960 - يىلى 7 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى پىلىموتچىلار لىيەندە بەنجاڭ بولغان، 1962 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان. جەڭدىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلغان ھەم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ تۆھپە يازغان. 1963 - يىلى 4 - ئايدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئىسمايىل مەمەتكە «ئۇرۇش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

1962 - يىلى 10 - ئايدا، ئىسمايىل مەمەت ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسىم بىلەن جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىنىڭ چياڭشەنكوۋ جېڭىگە قاتناشقان. 1962 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئىسمايىل مەمەت بىلەن سەپداشلىرى مۇئاۋىن لىيەنجاڭ غوپۇر مۇسانىڭ باشلامچىلىقىدا، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قاراقۇرۇم چېگرا مۇداپىئەسىگە كېلىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلغان. تۇيۇقسىز ئالدى ئوڭ تەرەپتىكى تاغ قاپتىلى ئارىسىدىن شىددەتلىك ئوق ئېتىلغان. دۆلىتىمىز زېمىنىغا ئۇسۇپ كىرگەن بىر بۆلەك ھىندىستان قوشۇنى ئەپلىك يەر شارائىتىغا تايىنىپ، ئارمىيەمىزنى غالجىرلىق بىلەن ئوققا تۇتقان. كوزۇپ تاختىسىغا نۇرغۇن ئوق تېگىپ ياغاچ پارچىلىرى ھەر تەرەپكە چاچرىغان، ئاپتوموبىلنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئالدى چاقىغا ئوق تېگىپ تېشىلىپ كەتكەن، شوپۇر ئېغىر يارىلىنىپ، رول ئۈستىگە يىقىلغان. ئاپتوموبىل بۇزۇلۇپ، جەڭچىلەر پۈتۈنلەي ئوچۇقچىلىقتا قالغان.

جىددىي پەيتتە، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ غوپۇر مۇسا ئەسكەرلەرنىڭ كابىنكا ئۈستىدىكى ئېغىر پىلىموتنى يۆتكەپ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى بېسىشقا قوماندانلىق قىلغان، لېكىن ھىندىستان قوشۇنىنىڭ ئوت كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان. كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ جەڭچىلەرگە كوزۇپ ئىچىدە يېتىۋېلىشقا بۇيرۇق بېرىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋاقىتتا، ھىندىستان قوشۇنى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، تېخىمۇ شىددەتلىك ئوققا تۇتقان، ئوق يامغۇردەك ئېتىلغان. ئىسمايىل مەمەت سەپداشلىرىنىڭ ئېغىر پىلىموتنىڭ جازىسىنى يۆتكەپ، پىلىموت ئېغىزىنى بۇراپ تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشى ئۈچۈن، ھىندىستان قوشۇنىنىڭ ئوت كۈچىنى جەلپ قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغان. ئۇ ئاپتوماتنى ئېلىپ، كوزۇپنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، قەددىنى رۇسلاپ تەپكىنى بېسىپ، ھىندىستان قوشۇنىنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ، ھىندىستان قوشۇنىنىڭ توپقا تۇتۇۋاتقان مىناميوتچىسىنى يوقاتقان. دەرۋەقە، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دەرھال ھىندىستان قوشۇنىنىڭ بارلىق ئوت كۈچىنى جەلپ قىلغان، ھىندىستان قوشۇنى يېنىك، ئېغىر قوراللىرى بىلەن ئۇنى ئوققا تۇتقان.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ غوپۇر مۇسا ئېغىر پىلىموتنى بوراشنى تېز تەشكىللىگەن. بۇ ۋاقىتتا، بىر پاي ئوق ئىسمايىل مەمەتنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ سول كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتكەن، قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، داۋاملىق جەڭ قىلغان. سەپداشلىرى ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭماقچى بولغاندا، ئۇ ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، قەتئىيلىك بىلەن «تېز پىلىموتنىڭ ئېغىزىنى بۇراپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىڭلار!» دېگەن.

ئىسمايىل مەمەت ئوقدانىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىغا يەنە بىر پاي ئوق تەگكەن. ئېتىش ۋاقتىنچە توختاپ قالغان، ھىندىستان قوشۇنى ئۇنى ئېتىۋەتتۇق، دەپ قاراپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كابىنكىنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر پىلىموتنى بۇراۋاتقان جەڭچىلەرنى ئوققا تۇتقان. مۇشۇنداق قىل ئۈستىدە تۇرغان خەتەرلىك پەيتتە، ئىسمايىل مەمەت ئېغىر يارىلانغىنىغا قارىماي، چىشىنى چىشلەپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاپتوماتنى كۆتۈرۈپ ھىندىستان قوشۇنىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتقان. ھىندىستان قوشۇنى يەنە ئالاقزادە بولۇپ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئوت ئاچقان، 3 - پاي ئوق يەنە ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىغا تەگكەن. بۇ ۋاقىتتا، سەپداشلىرى قۇرۇپ بولغان ئېغىر پىلىموت بىلەن ھىندىستان قوشۇنىنى ئوققا تۇتۇپ، ئوت كۈچى ئارقىلىق ھىندىستان قوشۇنىنى قىمىرلاتمىغان، پۈتۈن بەندىكى جەڭچىلەر بىلەن ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش- ياردەم بېرىشكە كەلگەن سەپداشلار بىرلىكتە بۇ بىر بۆلەك ھىندىستان قوشۇنىنى تولۇق يوقاتقان.

ئىسمايىل مەمەت ئىسسىق قېنىنى كوئىنلۇن تېغىغا تۆكۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، سەلتەنەتلىك ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق زەپەر مارشىنى يازغان. 1962 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى مەڭگۈ خاتىرىلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاغىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى رېمونت قىلىپ ياساشنى قارار قىلغان، 2009 - يىلى 3 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قىلىنغان.

1970 - يىلى، قاغىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىن باشقۇرغۇچى خادىم تەكلىپ قىلىنغاندا، ئەمەر ھېيت قىلچە ئىككىلەنمەي خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، خوتۇنى ۋە گۆدەك ئوغلى ئەنۋەرنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا كۆچۈپ كەلدى، ئۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى بىر خىل ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇپ، ئۆمۈر بويى ئۆچمەس ئابىدىنى قوغدىدى. 2017 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، 73 ياشلىق ئەمەر ھېيت يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى، ئەنۋەر دادىسىنىڭ «كۈچ ئۇلاش كالتىكى»نى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، داۋاملىق قاغىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى قوغدىغۇچى بولدى.

# ئوسمان ھەسەننىڭ توخۇ فېرمىسى ئۈمىدكە تولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

## ■ قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاشۇ كۈنلەر

«دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئوخشاش مېنى بېسىۋېلىپ، نەپەس ئالالماي قالدىم.» ئىلگىرىكى كۈنلەر تىلغا ئېلىنغاندا، ئايىنسانىڭ قوشۇمىسى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كەتتى.

ئوسمان دىنىي كەيپىيات قويۇق بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا دادىسى، ئاكىسىغا ئەگىشىپ قانۇنسىز «تەبلىغ»كە قاتنىشىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان. توي قىلغاندىن كېيىن، ئوسمان ئاتالمىش «دىنىي قائىدە» ئارقىلىق ئايىنسانى چەكلەپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئاياللار يالغۇز سىرتقا چىقسا بولمايدۇ، ئىشلەپ پۇل تاپسا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئاياللار تاپقان پۇل مۇسۇلمانچە ئەمەس».

ئوسمان ئائىلىسىنىڭ 25 مو يېرى بار، لېكىن ئالدىنقى يىللاردا، ئۇنىڭ كاللىسى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىشقا رايى بارماي، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۈنى قىيىنچىلىقتا ئۆتكەنىدى. ئىقتىسادتا قىينالغاندا، ئايىنسا ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ، ئائىلە چىقىمىنى قامداشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئوسماننىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدى.

ئايىنسانىڭ ئەڭ چىدىيالمايدىغىنى شۇكى، ئوسماننىڭ قىز بالا ئوقۇسا ھېچقانداق پايدىسى يوق، دىن ئۆگەنگەنگە يەتمەيدۇ، بالدۇرراق ياتلىق بولۇشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزىنى بىر مەھەل ئوقۇشتىن توختىتىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلگىنى ئىدى. «بۇ ئىشلار ئۈچۈن بىز ئىككىمىز ئاز جېدەللەشمىدۇق. ئوسماننىڭ ئاتالمىش ‹دىنىي قائىدە›سى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر ئارغامچىغا ئوخشاش بىزنى چىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بىزنى ياخشى كۈن كەچۈرگىلى قويمىدى» دېدى ئايىنسا.

مۇشۇ يىللار جېدەل - ماجىرا بىلەنلا ئۆتتى، ئوسمان ئىلگىرى ئۆز قىلمىشى توغرىسىدا قايتا ئويلانغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چىرىتىشىگە كۆپ يىل ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ باشتىن - ئاخىر خاتالىقىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. ئاخىر، ئايىنسا ئۇنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئېلىپ بېرىپ بىرقانچە قېتىم ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشۋىقات لېكسىيەسىنى ئاڭلاتقۇزغاندىن كېيىن، ئوسمان ئاندىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۆپ قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

2017 - يىلى، ئايىنسانىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئوسمان مارالبېشى ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە كەلدى. «مەن پۈتۈڭخۇادا سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم، ئەڭ مۇھىمى قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەق - ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن ئالدانمايمەن. مەن ماھارەتنى ياخشى ئۆگىنىمەن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز» دېدى بىر مەزگىللىك ئۆگىنىشتىن كېيىن ئوسمان ئايىنساغا.

ئوسماننىڭ سۆزلىرى خۇددى مەيىن شامالدەك، ئايىنسانىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىپ، ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى.

## ■ «ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ ئادەمنى توغرا تاللاپتىمەن»

تەربىيەلەش مەركىزىدە، ئوسمان ئىدىيەسىدىكى گاڭگىراشنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە توخۇ بېقىش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئوسمان بىلەن جىيەنى نۇرئەخمەت نۇرمەمەت كەنتتە توخۇ فېرمىسى ئاچتى. ئوسمان بېقىش، باشقۇرۇشقا، نۇرئەخمەت بازارغا قاتراشقا مەسئۇل بولدى. ئالدىراش ۋاقىتلاردا، ئۇلار يەنە بىرقانچە كەنت ئاھالىسىنى ياردەملىشىش ئىشلەشكە ياللىدى.

7 - ئاينىڭ باشلىرى، توخۇ فېرمىسىدىكى 1 - تۈركۈمدىكى توخۇلار كاتەكتىن چىقتى، 1700 توخۇ نەچچە كۈن بولمايلا پۈتۈنلەي سېتىلىپ تۈگىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر توخۇ 39 يۈەندىن سېتىلىپ، توخۇ فېرمىسى ئاچقاندىكى سېلىنما تەننەرخنى چىقىرىۋەتكەندە، ئوسمان بىلەن نۇرئەخمەت 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتى. «تاغام ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، ھازىر ئۇ ناھايىتى ئىشچان، تېخنىكا بىلىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ توخۇ فېرمىسى ئېچىپ، ئادەمنى راستىنلا توغرا تاللاپتىمەن» دېدى نۇرئەخمەت.

بۇ بىر قانچە كۈندە، ئوسمان توخۇ كاتەكلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەش، توخۇ فېرمىسىنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇلار سېتىۋالغان 3000 چۈجىنى ناھايىتى تېزلا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. «كېيىن توخۇ فېرمىسىنىڭ ئىشلىرى بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، سىزمۇ توخۇ فېرمىسىغا كېلىپ ئىشلەڭ، مەن سىزگە مائاش بېرىمەن» دېدى ئوسمان ئايىنساغا ئەستايىدىللىق بىلەن، «ئىلگىرى مەن خاتا قىپتىمەن، سىزنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىڭىزگە قارشى تۇرمىسام بوپتىكەن».

توخۇ بېقىپ پۇل تاپقاندىن باشقا، يەنە بىر ئىش ئوسماننى خۇشال قىلدى. قىزى ئاسىيە ئوسمان ئەمدىلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تۈگەتكەن بولۇپ، نەتىجىسى يامان ئەمەس ئىدى. «قىزىم ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، مەنمۇ ئارقىدا قالسام بولمايدۇ.» بۇ مەزگىلدە، ئوسمان بوش ۋاقتى بولسىلا ئايىنسانى ئېلىپ بىرلىكتە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگەندى.

تاغئۆستەڭ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغۇن ھەسەن كىچىكىدىنلا ئوسمان بىلەن بىللە چوڭ بولغان، قەددىناس دوستىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. «ئىلگىرى ئوسمان باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالىمايتتى، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگىمۇ ئانچە قاتناشمايتتى. ھازىر ئوخشىمايدۇ، قانداقلا ئويى بولسا ئۇ كۆپچىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ» دېدى تۇرغۇن، «ئىلگىرى بىزنىڭ كەنتتە ئەمەس، يېزىدىمۇ تېخى ھېچكىم چوڭ كۆلەمدە توخۇ بېقىپ باقمىغانىدى. ئوسمان بۇ ئىشنى قىلىپلا قالماي، يەنە يامان ئەمەس قىلدى. ئۇنىڭ تېخنىكىسى بار، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، ھازىر ئۇ كەنتىمىزنىڭ بېيىش باشلامچىسى».

## ■ كەنتتىكى بېيىش باشلامچىلىرىدىن بولۇش

ئوسماننىڭ ئەينى چاغدا توخۇ فېرمىسى ئاچقاندىكى ئويى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن تېخنىكىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەجرىبە توپلاش ئىدى. لېكىن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئويىدا ئۆزگىرىش بولدى.

«تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئوسمان دائىم بىزنى ئىزدەپ سىردىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ توخۇ فېرمىسى ئېچىش ئويى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىز كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا 10 مىڭ يۈەن يۆلەش مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ بەردۇق» دېدى مارالبېشى ناھىيەلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىنىڭ تاغئۆستەڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ئابدۇسەمەت مۇسا.

توخۇ فېرمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش. ئوسماننىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دۆلەتباغ يېزىلىق چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتى تاغئۆستەڭ كەنتىنىڭ مال دوختۇرى غېنى مەمەتكە ئوسماننىڭ توخۇ فېرمىسىنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملىشىغا ياردەملىشىشنى ھاۋالە قىلدى. «ئوسمان، چۈجىلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مېنى مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇشقا چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.» 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، قولىدىكى ئىشنى تۈگىتىپلا، غېنى توخۇ فېرمىسىغا كېلىپ، ئوسمانغا يۇقۇم مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلىدى.

توخۇ فېرمىسىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشكەنىدى. ئايىنسا تاماق ئېتىۋاتاتتى، كىچىك ئوغلى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئويناۋاتقان بولۇپ، يەسلىدە ئۆگەنگەن بالىلار ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى. ھويلىدا بىرنەچچە ئىشچى تومۇز ئىسسىق يانغان مەزگىلدىن پايدىلىنىپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئوسمان بىر ئائىلە كىشىلىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرەلەيدىغان بولدى.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئوسماننىڭ ئىشلىرى ۋە تۇرمۇشى قايناق - تاشقىنلىققا تولدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، يەنە بىرنەچچە كەنت ئاھالىسى توخۇ فېرمىسىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ ئىشلىمەكچى بولدى.

«بىر ئادەم بېيىسا بېيىغان ھېسابلانمايدۇ، كۆپچىلىك بېيىسا ئاندىن بېيىغان ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى خاتا يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى، يەنە مېنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىمنى قوللىدى. مېنىڭ ئارزۇيۇم توخۇ فېرمىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنى يېتەكلەپ بىرلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش» دېدى ئوسمان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)